# 118309 - ۋەخپە قىلىنغان مال بىلەن ئومۇمنىڭ مېلىغا زاكات كەلمەيدىغانلىقى توغرىسىدا

## سوئال

پايدىسى دۆلەت خەزىنىسىگە كىرىدىغان، دۆلەت تەرىپىدىن پىلانلانغان قۇرۇلۇشلارغا ئوخشاش، تىجارەتكە پاي سالغان ۋەخپىنىڭ ماللىرىغا زاكات كېلەمدۇ؟. بۇ ھەقتە چۈشەنچە بېرىشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمىز.

## تەپسىلى جاۋاپ

بارلىق گۈزەل ماختاشلار ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان ئاللاھقا خاستۇر. پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئۇنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرى ۋە ساھابىلىرىغا ئاللاھ تائالانىڭ رەھمەت سالاملىرى بولسۇن.

ۋەخپە ماللىرىغا ئۇنى تىجارەتكە پاي سالسۇن ياكى ئۆز ھالىتىدە قويۇپ قويسۇن، ئۇنىڭغا زاكات كەلمەيدۇ، چۈنكى ئۇ بىر كىشىنىڭ شەخسى مۈلكى ئەمەس، ئەگەر ۋەخپىنىڭ ماللىرى تىجارەتكە پاي سېلىنغان بولسا، ئۇنىڭ كەلگەن كىرىم ۋەخپە قىلغۇچى سەرپ قىلىشنى شەرت قىلغان پېقىر-مىسكىنلەر، كەمبەغەللەر، ئاجىز-بىچارىلەر، دىنى ئوقۇغۇچىلار ۋە باشقا ئېھتىياجلىق كىشىلەرگە سەرپ قىلىنىدۇ. كىمكى بۇ مالدىن ئالغان بولسا، يىل توشقاندا بۇ مالنىڭ ئۆزى ياكى باشقا ماللار بىلەن بىرگە زاكات بېرىش ئۆلچىمىگە يەتكەن بولسا، بۇنىڭ زاكىتىنى بېرىش كېرەك بولىدۇ، چۈنكى ئۇ بىر كىشىنىڭ شەخسى مۈلكى بولدى ۋە ئۇنىڭدا زاكاتنىڭ شەرتلىرى تولۇق بولدى.

سەئۇدى ئەرەبىستان دىنى تەشۋىقات، ئىلمى پەتىۋا كومىتېت ئالىملىرىدىن:"مەلۇم بىر قەبىلىنىڭ نۇرغۇن مېلى بولۇپ، ئۇلار بۇ مالنى، ئۆزلىرىگە قانداش بولغان قەبىلىلەر ئۈچۈن ۋەخپە قىلدى، بۇ مال تىجارەتكە سەرمايە قېلىندى، بۇنىڭدىن كېلىدىغان پايدا يەنىلا قانداش قەبىلىلەرگە تەقسىم قىلىنىدۇ، بۇ مالغا زاكات كېلەمدۇ ياكى كەلمەمدۇ؟ ئەگەر بۇ ماللارنى تىجارەتكە سەرمايە قىلمىسىمۇ زاكات كېلەمدۇ ياكى كەلمەمدۇ؟، بۇ قەبىلىدىكىلەر ئۆزلىرىنىڭ ئالتۇن-كۈمۈش قاتارلىق ئىقتىسادىغا زاكات بېرىشى كېرەك بولامدۇ؟ دەپ سورالغاندا، ئۇلار جاۋاپ بېرىپ مۇنداق دېگەن: "ئىش يۇقىرىدا بايان قىلىنغاندەك بولسا، بۇ مالغا زاكات كەلمەيدۇ، چۈنكى ئۇ مال ۋەخپىنىڭ ھۆكمىدە بولىدۇ، ئۇ مال ئىشلىتىلمەيدىغان مال بولسۇن ياكى تىجارەتكە سەرمايە قېلىنغان مال بولسۇن ئوخشاش، ئۇنىڭدىن زاكات بېرىش توغرا بولمايدۇ، چۈنكى ئۇ مال كەمبەغەللەرگە ياكى ئۇنىڭدىن باشقا زاكات ئېلىشقا ھەقلىق بولغانلارغا خاس قېلىنغان مال ئەمەس". ["دائىمي كومىتېتى پەتىۋاسى" 9-توم291 – بەت].

شەيخ ئىبنى ئۇسەيمىن رەھمەھۇللاھ: ئايلىق ئىشتىراكتىن توپلاشقان مالنى ئۆز ئەھلىگە ياردەم قىلىدىغان، قاتناش ھادىسىسى، ئۆلۈم سەۋەبىدىن ئۆتەيدىغان دىيەت، قەرىزدارلارغا ۋە توي قىلىدىغانلارغا ياردەم بېرىش ئاساسىغا قۇرۇلغان قەرەۋىي جەمئىيىتى توغرىسىدا مۇنداق دەيدۇ: "بۇ ساندۇقتا توپلانغان مالغا زاكات كەلمەيدۇ، بۇ ئورتاق مۆلۈكچىلىكنىڭ سىرتىدىكى مال بولۇپ، بۇ مالنىڭ بېكىتىلگەن مۇئەييەن ئىگىسى يوق، مۇئەييەن ئىگىسى بولمىغان مالغا زاكات كەلمەيدۇ". ["ئىبنى ئۇسەيمىن پەتىۋالار مەجمۇئەسى"18-توم 184-بەت].

يەنە مۇنداق دەيدۇ: "دۆلەتنىڭ مىلى خەزىنىگە كىرىدۇ، ئۇنىڭ مۇئەييەن ئىگىسى بولمايدۇ، ئۇنداق بولغان ئىكەن ئۇ مالغا زاكات كەلمەيدۇ. ["كاپىيىنىڭ شەرھىسىدىن"].

سۆزنىڭ خۇلاسىسى: "دۆلەتنىڭ مىلى ياكى خەزىنىدىكى مال، شۇنىڭدەك ۋەخپە قىلىنغان مالغا ئۇ مالالارنى تىجارەتكە سەرمايە قىلسۇن ياكى سەرمايە قىلمىسۇن، زاكات كەلمەيدۇ، چۈنكى ئۇ مەلۇم بىر كىشىنىڭ مىلى ئەمەس.

توغرىنى ئاللاھ ھەممىدىن بەك ياخشى بىلگۈچىدۇر.